# بەختلىك خەلق تۇرمۇشنىڭ يېڭى يۈگمە رەسمىنى سىزىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالتە يىلدىن بۇيان، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ھەربىر ئائىلە، ھەربىر قورۇدا نامايان بولدى. ئايلانغان كەنتتە، تۈپتۈز ئاسفالت يوللار ئىشىك ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇلدى، ھەممە ئائىلىلەر تۇرۇبا سۈيى، تەبىئىي گاز ئىشلىتەلەيدىغان بولدى، ھەممە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى بار بولدى، كەنتتە يەسلى بار بولدى. «ئائىلىمىزنىڭ يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، كۆڭلىرىمىز گۈزەل، قەلبىمىز تېخىمۇ گۈزەل» دېدى ئابدۇقېيۇم خۇش تەبەسسۇم بىلەن.

## خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ بەخت ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شىنجاڭ جۇڭتەي توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدە، چارلاش ئىشچىسى ئابدۇلئەخەت مەنتۇرسۇن كۆڭۈل قويۇپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. 2017 - يىلى ئۇ خوتۇنى بىلەن جۇڭتەي توقۇمىچىلىقىغا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۈگۈنكى كۈندە ئىككىيلەننىڭ كىرىمىنى قوشقاندا، ئېيىغا 10 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ.

دېھقاندىن ئىشچىغىچە، پارچە - پۇرات ئىش قىلىشتىن مۇقىم خىزمەت قىلىشقىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىن بېيىشقىچە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستى ئائىلىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى، دېدى ئابدۇلئەخەت.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىش ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز باشتىن - ئاخىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈردى، شەھەر - يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئەمگەكچىلەرنى قاپلىغان كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى... بىر قاتار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈرەش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنى نۇرلاندۇرۇشقا سەھنە ھازىرلاپ بەردى.

«ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت خەلق رايىنى ئەڭ چوڭ سىياسىي دەپ بىلىپ، شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي بايلىق سىلىنمىسى، كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي نەپ ئارقىلىق خەلق قەلبىنى ئىللىتتى، خەلق قەلبىنى خاتىرجەم قىلدى، خەلق قەلبىنى مۇجەسسەملىدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تېخىمۇ يېتەرلىك بولدى. 2014 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازارلىرىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 450 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، 2019 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مۇشۇ قارارىدا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى.

مائارىپ تېخىمۇ ئادىللاشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خاراكتېرلىك مائارىپ خىراجىتىنىڭ يىللىق سىلىنمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى، مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى مائارىپى، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپ پۈختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى، شەھەر - يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ سۈپىتى ئۆستى، دائىرىسى كېڭەيدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

داۋالاش تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولدى. 1002 ناھىيە، يېزا يىراق مۇساپىلىك داۋالاش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ ئۆلچەملەشىش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

تۇرالغۇ ئۆي ئولتۇراقلىششقا تېخىمۇ باب كەلدى. 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازارلاردا 1 مىليون 715 مىڭ 300 يۈرۈش كاپالەتلىك ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 675 مىڭ 600 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بەردى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نەزەر سالساق، باللار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ياشانغانلار كۆتۈنەلەيدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ئاجىزلارنىڭ يار - يۆلەكى بولۇشتەك خەلق تۇرمۇشى يۈگمە رەسمى ئىللىق، گۈزەل نامايان بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت مىخ قېقىش روھى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق تۇرمۇشى خىزمىتى توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىچىك غەلىبىلەر ئارقىلىق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مۇقىم بەختكە تېرەك بولماقتا.

## خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ھەل قىلىش

«سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈرتۈپ تۇرىمىز، كېسەل بولساق بالدۇر داۋالتىمىز، ئاز پۇل خەجلەيمىز. مېنىڭ بۇ ياشنىپ قالغان تېنىم تېخى مەزمۇت.» يەكەن ناھىيەسىنىڭ مىشا بازىرى كىسمچى كەنتىدىكى 74 ياشلىق تۇرسۇن تالىپ مۇنداق دېدى: مەن سالامەتلىك تەكشۈرتكەندە قان بېسىمىمنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دورا يېيىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېسىلىمنى خېلى ياخشى كونترول قىلىۋاتىمەن.

ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ. 2016 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنى يولغا قويدى. «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» «ئەڭ يىراقتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى»نى قاپلاشتىن باشلاپ، سالامەتلىك تەكشۈرتۈش تۈرلىرى ئايرىم تۈزۈلدى، شىنجاڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئىجادىيەت سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل، يۇقۇملۇق كېسەل، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇپ، ساغلام شىنجاڭنىڭ ئۇل تېشىنى مۇستەھكەملىدى.

بۇنداق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئىجادىيىتى شىنجاڭدا يەنە ناھايىتى كۆپ ——

يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە «بەش بىرتۇتاش بولۇش» ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلەپ، مىليونلىغان دېھقاننىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى؛

يېزىلاردا 4408 يەسلى يېڭىدىن سېلىندى، ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىلدى، قۇرۇقشا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قۇرۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن 1 مىليون 558 مىڭ بالىنىڭ يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، دېھقانلار ئەمدى باللىرىنىڭ يەسلىگە كىرەلمەسلىكىدىن غەم قىلمايدىغان بولدى؛

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپى، مەجبۇرىيەت مائارىپىدا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇشنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، كىچىكىدىن باشلاپ پۇتۇڭخۇادا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان باللار سانىسىزلىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ پەخرىگە ئايلاندى؛

......

تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىنماقچى بولسىمۇ ھەل قىلىنمىغان بىرمۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىلماقچى بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغان بىر مۇنچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، ھەر مىللەت ئاممىنى كىچىك ئىشلاردىنمۇ ئەمەلىي نەپ ۋە بەختنى ھېس قىلدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ غەم - ئەندىشىسى، ھال - ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ تەخىرسىز خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ھەربىر كىشىنى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياستىنىڭ نۇرىدىن بەھرىلەندۈردى.

نامراتلاردىن ئاساسىي كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، 60 ياشتىن ئاشقان نامرات كىشىلەرنىڭ تارقىتىشقا تېگىشلىك كۆتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلى تولۇق تارقىتىلدى. «ھەر ئايدا كۆتۈنۈش پۇلىمىز بار، كۆتۈنۈشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى» دېدى قاغىلىق ناھىيەسى كۆكيار يېزىسى ئۇسۇلۇش كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇكېرەم قادىر.

ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىلدى. ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپىدىن ئالىي مائارىپقىچە بولغان «پۈتۈن مۇساپىنى يوچۇقسىز جىپسىلاشتۇرۇش»تەك ياردەم بېرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، «بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قويماسلىق» دېگەن ۋەدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. «دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىش سىياستىگە رەھمەت، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇمغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى» دېدى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خۇرشىدە مەمەت.

نامرات نوپۇسنىڭ ئېغىر كېسلى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسىلىنىڭ داۋالاشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق داۋالاندى. ئاپتونوم رايونىمىز ئېغىر كېسەللەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاغرىقلارنىڭ ئېغىر كېسەللىرىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 99.14%كە يەتكۈزدى. «ئەمدى كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇق» دېدى ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش بازىرى تاقۇت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى رەخمىتۇللا نەجمىدىن.

بۇ يىلقى يۇقۇمغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 8 مىليارد 880 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش مەبلىغى ئاجرىتىپ، ھەقىقىي تۈردە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقىنى كەم - كوتىسىز پۈختا ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈردى.

ھۆكۈمەت خەلقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ساداسىغا ئىنكاس قايتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش»نى پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىدا گەۋدىلەندۈردى.

## خەلق تۇرمۇشى ئىمتىھانىغا ئىزچىل ياخشى جاۋاب بېرىش

«بۇ يىل كۆتۈنۈش پۇلى ئايدا نەچچە يۈز يۈەن ئۆستى، تۇرمۇشىمىز باياشات، تېنىمىز ساغلام بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېرىم ئىككىمىز ساياھەتكە چىقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىدىن ھوزۇرلانماقچى بولۇۋاتىمىز» دېدى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كارخانىدىن پېنسىيەگە چىققان ئىشچى جاڭ شياۋفاڭ.

كۆتۈنۈش پۇلى يەنە ئۆسۈپتۇ! بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كارخانىلاردىن پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش پۇلىنى ئۇدا 16 - يىلى تەڭشەپ ئۆستۈرۈشى، شۇنداقلا ئۇدا 5 - يىلى بىرتۇتاش لايىھەنى يولغا قويۇپ، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۆتۈنۈش پۇلىنى تەڭشەپ ئۆستۈرۈشى ھېسابلىنىدۇ. جاڭ شياۋفاڭغا ئوخشاش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پېنسىيەگە چىققان 1 مىليون 477 مىڭ كىشى بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئاخىرقى ئۆمرىدىكى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

تېخىمۇ ياخشى مائارىپ، تېخىمۇ مۇقىم خىزمەت، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئىجتىمائىي كاپالەت، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش سەھىيە مۇلازىمىتى... ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى ئىمتىھانىغا ئىزچىل ياخشى جاۋاب بېرىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈردى.

ئائىلە دوختۇرى، سېسترالار بىلەن توردا كېلىشىش، باشقا جايدا داۋالىنىشنى توردا راسچوت قىلىش... «ئالاقە تورى + داۋالاش - ساغلاملىق»تىن ئىبارەت يېڭى تىپتىكى مۇلازىمەت ئەندىزىسى كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش تەسراتىنى ئۆستۈرمەكتە. «ھەممە كىشىنىڭ ئائىلە دوختۇرى، ساغلاملىق ئارخىپى بار بولدى، بۇ خىل تەمىناتنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق» دېدى قاراماي شەھەر ئاھالىسى لى سۇرۇڭ.

تور دەرسخانىسى، چىراي تونۇتۇپ مەكتەپكە كىرىش، كومپيۇتېردا پىروگىراما تۈزۈش... مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ «تور سىمى» شەھەر - يېزىلاردىكى دەرسخانىلارنى تۇتاشتۇردى. «توردا ئوقۇتۇش چەت، يىراق جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈردى» دېدى شايار ناھىيەلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى چېن شىن.

ئاغرىپ قالغانلارغا قارايدىغان ئادەم بار، ئۈچ ۋاخ تاماقنى ئېتىدىغان ئادەم بار، كىيىمنى يۇيىدىغان ئادەم بار... بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىدىكى 207 يېزىدا بەخت چوڭ قورۇسى قۇرۇلۇپ، قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. «ئۆستەڭلەرنى تولدۇرىدى دەريا سۇلىرى، سۇغاردى ئېتىز - دالا، باغلارنى؛ دېڭىزدەك چوڭقۇر ۋەتەن مېھىر - شەپقىتى، ئىللىتتى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان قەلبلەرنى...» قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراساي بازىرى باغچى كەنتىدىكى توختىخان ئابدۇللا موماي ناخشا ئېيتىپ پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

خەلق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەنمەكتە. 2014 - يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىلىغا 8.3% ئېشىپ، 2019 - يىلى 34 مىڭ 664 يۈەنگە يەتتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىلىغا 8.5% ئېشىپ، 2019 - يىلى 13 مىڭ 122 يۈەنگە يەتتى. ھەر مىللەت ئامما دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ۋەتەن بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىش داۋامىدا، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

خەلق تۇرمۇشى خەلق قەلبىگە تۇتاشقان، خەلق قەلبى خەلق كۈچىنى مۇجەسسەملىگەن. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىدۇ.

## مائارىپ مىنىستىرلىقى مەخسۇس تەدبىر چىقىرىپ يۇقۇم مەزگىلىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** مۇخبىرنىڭ 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقىدىن ئىگىلىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرى ۋە ھەرقايسى دۆلەت (رايون)لارنىڭ چېگرادىن كىرىش، ۋىزا بېجىرىش، نۆۋەتچى ئايروپىلان قاتارلىق سىياسەتلىرىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېگرا سىرتىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا بېرىپ ئوقۇش پىلانى ئامالسىزلىقتىن ئۆزگەرتىلگەن، كېچىكتۈرۈلگەن ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئوقۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن. مائارىپ مىنىستىرلىقى بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس سىياسەت چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ئىچىدە توردا دەرس ئوقۇشقا يېتەكلەش، دۆلەت ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش - پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرستى بىلەن تەمىنلەش، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدىكەن.

مائارىپ مىنىستىرلىقى خەلقئارا مەھكىمىسى (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى)نىڭ مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: چېگرا سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى توردا دەرس ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىغا قارىتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت ئىچىدە يىراقتىن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇشنى داۋاملىق تاماملىشىغا مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەلدە ئوقۇغان خادىملار ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇش تارىخى، ئىلمىي ئۇنۋان ئېتىراپنامىسى قاتارلىق سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا جاۋاب بېرىلىپ، چەت ئەلدە ئوقۇغان خادىملارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەسىرى تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا مەكتەپكە قايتالمىغانلىقتىن تور شەكلى ئارقىلىق بىر قىسىم دەرسلىكنى ئوقۇشنى تاللىشى ھەمدە مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان ئۇلارنىڭ چېگرا سىرتىدا تۇرۇپ قېلىش ۋاقتى ئوقۇش تۈزۈمى تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك ئەھۋالىنى ئۇلارنىڭ ئوقۇش تارىخى، ئىلمىي ئۇنۋانى ئېتىراپنامىسى نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ئامىلى قىلماسلىق ئايدىڭلاشتۇرۇلدۇ.

مائارىپ مىنىستىرلىقى مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: مائارىپ ئادىللىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتتە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغان خادىملارنى ئالدى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ۋاقىتلىق ئوقۇشقا قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىر قىسىم جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈرلىرى ھەمدە ئىچكىرى رايونلار (ۋەتىنىمىز چوڭ قۇرۇقلۇقى)نىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ھەمكارلىقىدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈرلىرى بىلەن مائارىپ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتتە، ئالاھىدە بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قىسىم چەت ئەللەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى باھالاپ قوبۇل قىلىپ، قوش يۆنىلىشلىك تاللاپ، ئەلالىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ئىچىدە بىلىم ئېلىش پۇرستى بىلەن تەمىنلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچى ئىگىلەنمەيدۇ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشقا ھەرقايسى تۈردىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مائارىپ مىنىستىرلىقى يەنە چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلاردىكى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى مائارىپ تارماقلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان خادىملىرىنىڭ ئوقۇشىنىڭ تەسىرگە ئۇچراش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. مائارىپ مىنىستىرلىقى يەنە كۆپ خىل ۋاستە ۋە يوللار ئارقىلىق ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مەدىتى، يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

زاڭ شياۋلى:

## قارشى يۆنىلىشتە مېڭىش جەريانىدا ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلىش

**بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ مېڭرەن

«يۇقۇم مەزگىلىدە ئىش ئورنىمىزدا چىڭ تۇرۇپ چېنىقتۇق ۋە ئۆسۈپ يېتىلدۇق، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ياشلارنىڭ غايىلىك، قابىلىيەتلىك، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلەلىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشەندۇق.» 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، زاڭ شياۋلى يىگىتى ۋاڭ لىبى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىككى قېتىم قارشى يۆنىلىشتە ماڭغانلىقىنى ئەسلەپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھېس قىلدى.

24 ياشلىق زاڭ شياۋلى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) ئوتتۇرا ئاسىيا جەنۇبىي يولى مەھەللىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى، ئۇ ئەسلى ۋاڭ لىبى بىلەن 8 - ئايدا تىزىملىتىپ توي قىلىشنى پىلانلىغانىدى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەھەللىنىڭ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ قارشى يۆنىلىشتە مېڭىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدى، توي ئىشىنىمۇ شۇ سەۋەبتىن قويۇپ تۇردى.

يۇقۇم مەزگىلىدە، زاڭ شياۋلى شاڭخەي يولى غەربىي 2 - كوچىسى باشقۇرۇش كومىتېتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، 40 ئائىلىلىك ئاھالىگە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ھەر كۈنى سائەت 10دىن ئىككىنچى كۈنى سەھەرگىچە ئالدىراش بولدى، تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، كۆكتات يەتكۈزۈپ بەردى، دورا يەتكۈزۈپ بەردى...

ۋاڭ لىبى شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھىنىڭ خىزمەتچى خادىمى، ئۇنىڭ خىزمىتى كېچە - كۈندۈز دېمەي ماددىي ئەشيالارنى توشۇيدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلاننى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش بولۇپ، پىرقىرغۇچتەك ئالدىراش بولدى. ئۇ ئىككىسى ۋاقىت چىقىرىپ تەسراتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر - بىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورنىدا پۇختا ئىشلەپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

«مەن كونا ئولتۇراق رايوندا مۇلازىمەت قىلىمەن، ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار. يۇقۇم مەزگىلىدە مېنىڭ خىزمىتىم ئۇلارنى دەل جايىدا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارغا دورا سېتىۋېلىش، دورا يەتكۈزۈش، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار بولدى.» زاڭ شياۋلى مۇنداق دېدى: ياش بولغاندىكىن كۆپرەك بەدەل تۆلىشىم، كۆپرەك تۆھپە قوشۇشۇم كېرەك.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاھالىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زاڭ شياۋلى دەرھال كۆكتات دۇكىنىغا بېرىپ كۆكتات سەپلەشكە ياردەم بېرىش خىزمىتىگە ئاتلاندى، ئۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 30 كىشىلىكتىن ئارتۇق كۆكتات سەپلەپ بولغاندىن كېيىن، قول ھارۋىسى بىلەن دەنيۈەن ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ، ئاندىن پەلەمپەيدىن چىقىپ ھەربىر ئۆيگە كۆكتات يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ تۇرۇۋاتقان مەھەللىدىكى بىنالارنىڭ ھەممىسى كۆپ قەۋەتلىك ئولتۇراق ئۆي بىناسى بولۇپ، جەمئىي ئالتە قەۋەت ئىدى، ئۇ دائىم 10 كىلوگىرامغا يېقىن ماددىي ئەشيانى كۆتۈرۈپ بىناغا چىقىپ مال يەتكۈزۈپ بەردى، ھەر قېتىم كۆكتاتلارنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتى.

زاڭ شياۋلى سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىللىقلىق كىچىككىنە مەھەللىگە مۇجەسسەملەنگەن، مەن مەھەللە خىزمەتچى خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن زىممەمدە مەسئۇلىيەت بولۇشى كېرەكلىكىنى، تېخىمۇ مۇھىمى مەسئۇلىيەتچان بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىق دەي ھەدىگە دورا سېتىۋېلىپ يەتكۈزۈپ بەردى، يان تېلېفون ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان قېرىغۇچىسى يوق ياشانغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن سىنلىق سۆزلىشىشىگە ياردەم بەردى، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى ئېلىپ بەردى...

ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇن ئادەتتىكى ئىشلار زاڭ شياۋلىغا تەسىر قىلدى. بوش ۋاقىتلىرىدا، ئۇ ئىككىسى خىزمەت جەريانىدا يولۇققان ئىسسىق - سوغۇق، جاپا - مۇشەققەتلەردىن تەڭ بەھرىلەندى، ئۇلارنىڭ بەخت دېگەن بۇ ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

«چوقۇم مۇداپىئەنى ياخشى قىلىڭ، ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماڭ.» بۇ ۋاڭ لىبى ھەر كۈنى قىز دوستىغا تاپىلايدىغان گەپ ئىدى. ۋاڭ لىبى ھەر قېتىم زاڭ شياۋلىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇردا مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ پەلەمپەيدىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچى ئاغرىپ كېتەتتى.

«ھەقسىز ھورداققا چۈشۈپ ئورۇقلىغان بولاي.» زاڭ شياۋلى چاقچاق قىلىپ ۋاڭ لىبىغا تەسەللى بەردى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا، زاڭ شياۋلى يىگىتىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن «جەڭ مەيدانىدىكى مۇھەببەت خېتى» يازدى، ئىككى قېتىملىق يۇقۇمدا قارشى يۆنىلىشتە مېڭىش جەريانىدا ۋاڭ لىبى زاڭ شياۋلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە گۇۋاھ بولدى.

«بۇ خەتنى نۇرغۇن قېتىم ئوقۇدۇم، ھەربىر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ماڭا ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچى ئاتا قىلدى.» ۋاڭ لىبى مۇنداق دېدى: «كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن، ئورتاق غايىمىز ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەيمەن».